# ئاينى كۆرۈش ئۈچۈن زامانىۋى ئۈسكۈنىلەردىن پايدىلانساق بولىدۇ.

[ئۇيغۇرچە]

﴿لا حرج من الاستعانة بالأجهزة الحديثة لرؤية الهلال﴾

[باللغة الأويغورية ]


مۇپتى: شەيخ مۇھەممەد ئىبنى سالىھ ئۇسەيمىين

المفتي: الشيخ محمد بن صالح العثيمين

تەرجىمە قىلغۇچى: سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

المترجم: سيف الدين أبو عبد العزيز

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ن. تەمكىنى

المراجعة: ن. تمكيني



نەشىر ھوقۇقى مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ

1431 – 2010

islamhouse.com

# ئاينى كۆرۈش ئۈچۈن زامانىۋى ئۈسكۈنىلەردىن پايدىلانساق بولىدۇ.

111873-نومۇرلۇق سوئال

سوئال:

يېڭى ئاينىڭ كىرگەن ياكى چىقىپ كەتكەنلىكىنى مۇقىملاشتۇرۇشتا ئاسمان جىسىملىرىنى كۆزىتىش ئورۇنلىرىنىڭ ۋاقىت جەدۋىلىگە تايانساق بولامدۇ؟. مۇسۇلمانلار ئاينى كۆرۈش ئۈچۈن ئاسترونومىيىلىك كۆزىتىش ئەسۋابلىرىنى ئىشلەتسە بولامدۇ؟ ياكى پەقەت كۆز بىلەن كۆرۈش كېرەكمۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمىز.

جاۋاب:

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا بولسۇن.

شەيخ مۇھەممەد ئىبنى سالىھ ئۇسەيمىين رەھىمەھۇللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكى قەيت قىلىنغان. "شەرىئەت پرىنسىپىدا ئاينىڭ كىرگەنلىكىنى مۇقىملاشتۇرۇشتا، كىشىلەرنىڭ ئاينى كۆرۈشى شەرت قىلىنىدۇ. بۇ ئىش دىنى جەھەتتىن ئىشەنچلىك، كۆرۈش قۇۋۋىتى ياخشى كىشىلەرنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن ئىسپاتلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاينى كۆرۈشى بىلەن بۇنىڭغا ئەمەل قىلىش كېرەك بولىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆرگىنى رامزاننىڭ ئېيى بولسا روزا تۇتۇش، شەۋۋالنىڭ ئېيى بولسا ئېغىز ئېچىش زۆرۈر بولىدۇ. ئاينى كۆرمەستىن ئاسمان جىسىملىرىنى كۆزىتىش ئورۇنلىرىنىڭ تۈزگەن جەدۋەللىرىگە تايىنىۋېلىش توغرا بولمايدۇ. ئاينى زامانىۋى كۆزىتىش

ئۇسكۇنىلىرى بىلەن بولسىمۇ كۆرگەن بولسا بۇنىڭغا ئەمەل قىلسا بولىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئايىنى كۆرۈپ روزا تۇتۇڭلار ۋە ئايىنى كۆرۈپ ئېغىز ئېچىڭلار» دېگەن سۆزى ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پەقەت جەدۋەلگىلا تايىنىۋېلىش ۋە شۇ بويىچە ئەمەل قىلىش توغرا ئەمەس.

ئايىنى يېقىنلاشتۇرۇپ كۆرسىتىدىغان دۇربۇن ئىشلەتسە بولىدۇ. لېكىن بۇنداق قىلىش زۆرۈر ئەمەس. چۈنكى سۈننەت ئادەتتە يېڭى ئايىنى كۆزىتىش نورمال كۆرۈشكە تايىنىشتۇر. لېكىن ئىشەنچلىك كىشىلەرنىڭ يېڭى ئۇسكىنىلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن بەرگەن خەۋىرىگە تايىنىشقا بولىدۇ. ئىلگىركى زاماندىمۇ كىشىلەر شەئبانىنىڭ 30- كۈنى ۋە رامىزاننىڭ 30- كۈنى ئايىنى دۇربۇن بىلەن كۆرۈش ئۈچۈن كۆزىتىش مۇنارلىرىغا چىقاتتى.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا: ئايىنى كۆرۈش قايسى ئۇسۇل بىلەن ئىسپاتلانسا بۇنىڭغا ئەمەل قىلىش زۆرۈر بولىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئايىنى كۆرۈپ روزا تۇتۇڭلار ۋە ئايىنى كۆرۈپ ئېغىز ئېچىڭلار» دېگەن سۆزى ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ". [ھەرەم دىيارىدىكى ئۆلىمالار پەتىۋاسى ناملىق ئەسەرنىڭ 192- 193- بەتلىرىگە مۇراجىئەت قىلىنسۇن].

ئىلمى تەتقىقات ھەيئىتى پەتىۋا كومىتېتىنىڭ بۇ مەسىلىگە بەرگەن پەتىۋاسىدا: ئايىنى كۆرۈش ئۈچۈن يېڭى ئۇسكىنىلەرگە تايانسا بولىدۇ، رامىزان ئېيىنىڭ كىرگەنلىكىنى ياكى چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئىسپاتلاشتا ئاسمان جىسىملىرىنى كۆزىتىش ئورۇنلىرىدىن ئالدىن ئەلا رامىزاننىڭ كىرىدىغان ياكى چىقىدىغان ۋاقىتلىرىنى بەلگىلەپ بېرىدىغان جەدۋەللەرگە تايىنىۋالسا بولمايدۇ دېيىلگەن. [سەئۇدى

ئەرەبىستان ئىلمى تەتقىقات دىنى پەتىۋا تەشۋىقات كومىتېتى پەتىۋالار توپلىمى 9-توم 99-بەت].

يۇقىرىقى دەلىل پاكىتلاردىن: ئىسلام ئۆلىمالىرى يىگى ئۇسكۇنىلەر بىلەن ئاي كۆرۈشنى هارام دەپ چەكلەيدىكەن، پەقەت كۆز بىلەن كۆرۈش كېرەك دەيدىكەن دېگەن سۆزنىڭ ئاساسسىز ۋە يالغان ئىكەنلىكى ئاشكارا بولىدۇ.

ئاللاھدىن هەقنى تونۇپ ئەگىشىشكە، باتىلدىن يىراق بولۇشقا مۇۋەپپەق قىلىشىنى، هەق بىلەن باتىلنى ئارىلاشتۇرىۋېتىپ ئېزىپ كېتىشتىن ساقلىنىشىمىزنى ۋە تەقۋادارلاردىن قىلىشىنى سورايمىز.

ئاللاھ هەممىدىن ياخشى بىلگۈچى زاتتۇر.